# شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى سۈرگۈندى ھۆكۈمىتى ۋاشىڭتون پەۋقۇلئاددە يىغىنىنىڭ قارارى

(2019-يىلى 4-ئاينىڭ 21-كۈنى ماقۇللانغان)

شەرقىي تۈركىستان سۈرگۈندى ھۆكۈمىتى سۈرگۈندى ھۆكۈمىتى ۋاشىڭتون پەۋقۇلئاددە يىغىنىدا، نۆۋەتتە سۈرگۈندى ھۆكۈمەت دۇچ كېلىۋاتقان ئىچكى كىرىزىس — قۇتۇپقا بۆلۈنۈش — باش مىنىستىر ئىسمائىل چىڭگىزنىڭ مەنمەنلىكىدىن كېلىپ چىققانلىقى ئىسپاتلار بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

بۇلار شۇلاردىن ئىبارەت:

ئالدى بىلەن باش مىنىستىر مۇغلا يىغىنىدىن كېيىن ئۆزىنى ۋاقىتلىقچە ھۆكۈمەت باياناتچىسىنى تەيىن قىلمىغانلىقى، ھۆكۈمەتتە ئىلگىرى كۆرۈلگەن جىددىي سەۋەنلىكلەرنى، كەمتۈكلۈكلەرنى ئىسلاھ قىلىش، تۈزىتىش، ئۆزگەرتىش ھەققىدە ھېچقانداق ھەركەتتە بولمايلا ئۆز ئىشى بىلەن بولۇپ كەتكەنلىكىدىن، باش مىنىستىر كونا خاتالارنى تەكرارلاپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىناۋىتىگە تەسىر يەتكۈدەك ئىشلار يۈز بەرمىسۇن ئۈچۈن رەئىسجۇمھۇر، ھۆكۈمەت نامىدىن بولۇۋاتقان ھەرقانداق باياناتلارنى بىر ئادەم تەھرىرلىسۇن، تەھرىرلىكتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئېلان قىلايلى، دەپ ھاجى مامۇتنى بۇ ئىشقا كۆرسەتكەن، ئىسمائىل بۇنىڭغا جىددىي قارشى تۇرغان ۋە ئاساسىي قانۇندىكى ھوقۇقىنى پەش قىلىپ تۇرۇۋېلىشتىن بۇ زىددىيەت تۇغۇلغان. ئاساسىي قانۇندا يازما باياناتلارغا تەھرىر بەلگىلەش كۆرسىتىلمىگەن، ئەمما دۆلەت تىلى ئۇيغۇر تىلى دەپ بەلگىلەنگەن. ئىسمائىل چىڭگىز باش مىنىستىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كېلىۋاتقان سەككىز يىلدىن بېرى تۈزىتىلمىگەن. دۆلەت تىلى ئۇيغۇر تىلى دېگەن بەلگىلىمىگە ئىسمائىل سەككىز يىلدىن بېرى خىلاپلىق قىلىپ كېلىۋاتقان بولۇشىغا قارىماي، قانۇننى پەش قىلىپ، ئىسلاھات، تۈزىتىش ئېلىپ بېرىشقا، قانۇن پىرىنسىپلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە قارشى تۇرغان.

كېيىن شەخسەن ئۆزى پارلامېنت نامىدا ئاچقان ئاممىۋى توربەت ھېسابىدا «خىتاينىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى... » دېگەن جۈملىلەرنى ئىشلىتىپ، بىر باش مىنىستىرغا ياراشمايدىغان، ئاساسىي قانۇنغا خىلاپ ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، خەلقتىن ئەپۇ سوراشنى تەلەپ قىلغان سەبداشلىرىغا قارشى توختىماستىن ئۆزىنى ئاقلىدى. بۇ ئاقلاشلارنىڭ ھېچبىرىدە مەنتىقە يوق. چۈنكى ئىسمائىل تۈركىيەنىڭ ياكى باشقا بىر دۆلەتنىڭ باش مىنىستىرى ئەمەس، بەلكى شەرقىي تۈركىستان سۈرگۈندى ھۆكۈمىتىنىڭ باش مىنىستىرى. شۇڭا ئىسمائىلنىڭ بۇنداق شەكىلدە ئاتاشقا ھېچقانداق سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، شۇنداقلا بۇنداق ئاتاشقا ھەققى يوق ئىدى!

بۇندىن باشقا، ئىلگىرى خاتالىرى تۈپەيلىدىن كوللېكتىپ مۇزاكىرە ۋە ئاۋازغا قويۇش ئارقىلىق قارار قىلىنىپ، ھۆكۈمەتتىن چىقىرىلغان كىشىلەردىن ئەپۇ سوراپ، ھۆكۈمەتنىڭ شۇ چاغدىكى قارارلىرىنى خاتاغا چىقارماقچى بولدى. خاتالاشقان ۋە ھۆكۈمەتتىن چىقىرىلغان كىشىلەردىن ھالاللىق تەلەپ قىلىش — ھۆكۈمەت قارارىنىڭ خاتا بولغانلىقىنى جاكالاشقا بارابەر بولۇپ، ئەگەر راستىنلا خاتا قارار بولغان تەقدىردىمۇ، ئالدى بىلەن يەنە كۆپچۈلۈكنىڭ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكۈزۈلۈشى ۋە ماقۇللۇقىدىن كېيىن ئەپۇ سورىسا بولاتتى. ئەمما ئىسمائىل ئۆز بېشىمچىلىق قىلدى. قانۇننى كۆزگە ئىلمىدى.

يېڭى قوبۇل قىلىنغان ئەزالار مەسىلىسىدىمۇ ئىسمائىل ئىككى يۈزلىمە مەيدان تۇتۇپ كەلدى. ئاۋال ئۇلارنى قوغداشقا ئۇرۇندى، كېيىن خەلقنىڭ ساداسى قارشىسىدا ئۇلارنى تونۇماس بولۇۋالدى. ھۆكۈمەتنىڭ ئىناۋىتىنى چۈشۈرۈدىغان ئەزالار مەسىلىسىدىمۇ تەرەپدارلىقنى ئۆلچەم قىلدى.

تېخىمۇ ئېچىنىشلىقى، شەخسىي خۇسۇمەت تۈپەيلىدىنلا پارلامېنتنىڭ بۆلۈنۈشىگە كۆز يۇمدى،

ھەتتا يېشىل چىراق يېقىپ بەردى. بۇ بىر باشمىنىستىرنىڭ سالاھىيىتىگە ھېچ ياراشمايدىغان چەكتىن ئاشقان قىلمىش بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ئىككىدە بىر قانۇندىكى ھوقۇقلىرىنى پەش قىلىپ تۇرۇۋدۇغان ئىسمائىل، ئۆز تەرەپدارلىرىغا كەلگەندە قانۇن بەلگىلىمىلەرنى كۆرمەسكە سالدى. مىللىي مەنپەئەتتە ۋاز كېچىلمەس قىممەتلىرىمىزنى تەرەپبازلىقتا قۇربان قىلىشتەك تار مەزھەپچىلىك خاھىشى جىددىي خاتالاردىن ھىساپلىنىپلا قالماي، جىنايەت ھىساپلىنىدۇ.

پەۋقۇلئاددە يىغىن — يېڭى سىستېمىنى بەرقارار قىلىش، كىرىزىسقا جىددىي جاۋاپ بېرىش، شۇنداقلا بۇندىن كېيىنكى خىزمەت-ۋەزىپىلەر ھەققىدە تۆۋەندىكىچە قارارلارنى چىقاردى:

1. ھۆكۈمەتتىكى بىرلىكنى تەسىس قىلىش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، قۇتۇپلۇشۇشقا سەۋەپ بولغان ئىسمائىل چىڭگىزنى باش مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش؛

2. بۇ مەسىلىلەردە تەرەپبازلىق تۈپەيلى قانۇننى كۆزگە ئىلمەي، بۇ خاتالارغا سۈكۈت قىلغانلارنىمۇ قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش؛

3. تۈركىيەدىن يېڭى قوبۇل قىلىنغان مىللەت ۋەكىلى ئابدۇغوپۇر قاراخانىنىڭ سىياسىي كىملىكى ھەققىدە سەلبىي ئۇچۇرلار بولغانلىقى ئۈچۈن؛ ئالدۇلغافار تامئۇيغۇرنىڭ شەخسىي پەزىلەتلىرى ھەققىدە ئاممىۋىي تورلاردا سەلبىي ئىنكاسلار بولغانلىقى ئۈچۈن ھۆكۈمەتنىڭ ئىناۋىتىنى قوغداش مەخسىدىدە مىللەت ۋەكىللىكى سالاھىيىتىنى قالدۇرۇش؛

4. سالىھ خۇدايارنى سۈرگۈندى ھۆكۈمەتنىڭ ئامېرىكىدىكى تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى قىلىپ تەيىنلەش؛

5. ئەركىن ئابلىمىتنى سۈرگۈندى ھۆكۈمەتنىڭ فرانسىيىدىكى تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى قىلىپ تەيىنلەش؛

6. نۆۋەتتىكى قۇرۇلتاينى ئامېرىكىنىڭ پايتەختى ۋاشىڭتوندا ئېچىش؛

7. ئالىي كېڭەشنى ئادەم تولۇقلاپ رەتكە سېلىش.

(بۇ قارار— ھۆكۈمەتنىڭ رەسمىي تور بېتىدە ئېلان قىلىنىدىغان قارارنىڭ ھۆكۈمەت ئىچى نۇسقىسى بولۇپ، پەقەت پارلامېنت ۋاتساپ ھېسابىدا ئېلان قىلىنىدۇ. ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ كۈچكە ئىگە.)